□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

# ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىش شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ

□شىنجاڭ سەنئەت يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى  تۇرغۇن ئىمىر

ئىسمىم تۇرغۇن ئىمىر، ئۇيغۇر. يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ئاساسسىز ھۇجۇم قىلدى ۋە قەستەن قارا چاپلىدى. مۇشۇ جايدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان شىنجاڭلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنىڭغا كۈچلۈك قارشى تۇرىمەن.

مەن بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كىچىكىمدىن تارتىپلا مۇنەۋۋەر ئارتىس بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. كېيىن دۆلەت مەخسۇس شىنجاڭلىق ياشلار ئۈچۈن «مەركىزىي تىياتىر شۆيۈەنى شىنجاڭ سىنىپى» تەسىس قىلدى، شۇ چاغدا قەلبىم چەكسىز ھاياجانغا چۆمگەنىدى، دۆلەتنىڭ بىزدەك شىنجاڭلىق باللارغا سەنئەت ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنلىكىگە ئىنتايىن رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنداق قىلىپ، 1982 ـ يىلى قەلبىمگە ئارزۇ ـ ئارمانلارنى پۈكۈپ جەت ـ ياقا كەنتتىن مەركىزىي تىياتىر شۆيۈەنگە بېرىپ، 2 ـ تۈركۈمدىكى شىنجاڭ سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، سەنئەت يولۇمنى باشلاپ، ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن سەنئەت قەسرىگە قەدەم قويدۇم.

كېيىن مەن ئوقۇشلۇق ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ئوپېرا ئۆمىكىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىندىم. مەن خىزمەتكە قاتناشقان بۇ 35 يىلدا، ھەر مىللەت خىزمەتداشلىرىم بىلەن خىزمەت، تۇرمۇشتا قېرىنداشلاردەك ئۆتتۇق، بىر ـ بىرىمىزگە سەممىي مۇئامىلە قىلدۇق، بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلالمايمىز، ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتتۇق، مېھىر ـ مۇھەببىتىمىز چوڭقۇر. مەن تىرىشىپ ئۆگەندىم، ئەستايىدىل خىزمەت قىلدىم، نەتىجىلىرىم ئىدارىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى، كەسپىم كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. مەن ئۆزۈمنىڭ كۆرەش قىلىشى ئارقىلىق باياشات ھەم گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشتىم.

بولۇپمۇ بۇ بىرنەچچە يىلدا، مەن پارتىيەنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. 2017 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن باشلاپ، مەن ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئاۋات ناھىيەسىنىڭ يېڭىئېرىق بازىرى ئۈستۈنكى لەڭگەر كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى بولغاندىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەتتىكى ھەم ئاممىنىڭ تۇرمۇشىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. كەنتتە تۇرغان مەزگىلدە، مەن ۋە خىزمەتداشلىرىم ھەر مىللەت ئاممىغا ياردەملىشىپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردۇق، بىز بىر نىيەتتە ئىنتىپاقلىشىپ، جاپالىق تىرىشىپ، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن تاماقتا، يېتىپ ـ قوپۇشتا، ئەمگەكتە بىللە بولدۇق، تىرىشىش ئارقىلىق يېزا ـ كەنت ۋە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قىياپىتىدە يېڭى ئۆزگىرىش بولدى، بىز كەنت ئاھالىلىرى بىلەن چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتتۇق.

بۈلتۈر يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتماي ئاممىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىق بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىر بۇيرۇق چۈشۈرۈشى بىلەن، كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى، قەيەردە خەتەر بار بولسا، شۇ يەردە كوممۇنىستلىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىماسى پەيدا بولدى، پارتىيە بايرىقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدى، ئاشۇ پەيتتە مەن چەكسىز ئىپتىخارلاندىم، ئىنتايىن ھاياجانلاندىم. جۇڭگودا تۇغۇلغىنىمدىن بىر ئۆمۈر شەرەپ ھېس قىلىمەن ۋە پەخىرلىنىمەن.

شىنجاڭلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۈگۈن ناھايىتى بەختلىك ياشاۋاتىمەن، ھەرقانداق يامان غەرەزلىك كىشىنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك، مۇقىم تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويمايمەن. مەن پومپېئوغا شۇنداق نەسىھەت قىلىپ قويايكى، «بىھۇدە ئاۋارە بولما»، رەڭلىك كۆزەينىكىڭنى ئېلىۋېتىپ، قوش ئۆلچەمىڭنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ پىتنە ـ ئىغۋا توقۇشنى، جۇڭگوغا قارا چاپلاشنى دەرھال توختات، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشنى دەرھال توختات.

# يالغاندىن كۆڭۈل بۆلۈش    ھەقىقىي بۇزغۇنچىلىق قىلىش

□خوتەن سىفەن ئالىي تېخنىكومى رېۋزىيە ئىشخانىسىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى گۈھەرگۈل مەمەتقۇربان

يېقىندا، پومپېئو ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەپ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى خالىغانچە بۇرمىلاپ، ئۆزىنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. پومپېئونىڭ نىقابىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ھەممىسى ئېنىق بىلىدۇ، ئۇنىڭ قىلىۋاتقىنى يالغاندىن كۆڭۈل بۆلۈش، ھەقىقىي بۇزغۇنچىلىق قىلىش.

ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەربىيەسىدە مەن يېزىلىق بالىدىن ئالىي مەكتەپ كادىرى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدىم، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان خوتەندە يۈزبەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدۇم. بىز ئەينى يىللاردا داشۆدە ئوقۇش ئۈچۈن نەچچە كېچە ـ كۈندۈز ئاپتوموبىلدا ئولتۇرۇپ ئاندىن مەكتەپكە يېتىپ بارالايتتۇق، ھازىر خوتەندە ئايرودرۇم ۋە پويىز ئىستانسىسى بار، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە بېرىش ناھايىتى قولايلىق. مەن كىچىك ۋاقتىمدا رەڭسىز تېلېۋىزوردىن بىنا ئۆيلەر، كومپيۇتېر، يان تېلېفونى كۆرۈپ ناھايىتى يېڭىلىق ھېس قىلغانىدىم. يېقىنقى نەچچە ئون يىلدا ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۇچقاندەك تېز بولدى، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى، بۇلارنىڭ ھەممىسى رېئاللىققا ئايلاندى. يەنە ئەمىن ئۆي، ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى قاتارلىق پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش تەدبىرلىرى بىر ـ بىرلەپ ئەمەلىيلىشىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى گۈزەللەشتى.

60 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كۆزلىمە ئۆمرى 30 ياشتىن 72 ياشقا ئۇزاردى. ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئىزچىل سىجىل ئاشتى. 2010 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، شىنجاڭدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسى %25.04 ئاشتى، ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ %13.99لىك ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇپلا قالماي، يەنە بارلىق ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسىنىڭ %22.14لىك ئېشىش نىسبىتىدىنمۇ يۇقىرى بولدى، خەنزۇ مىللىتى نوپۇسىنىڭ %2.0لىك ئېشىش نىسبىتىدىن تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى. سوراپ باقسام، دۇنيادا نوپۇس مۇشۇنداق تېز سۈرئەتتە ئاشىدىغان «ئىرقىي يوقىتىش» بولامدۇ؟

پومپېئو كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىدى، ئۇنىڭ «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش» سۇيىقەستى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بىز تېخىمۇ بەختلىك ياشاپ، ئۇنىڭ قاتمۇقات نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىگە يوشۇرۇنغۇدەك جاي قويمايمىز.

# يالغان ـ ياۋىداق سۆز بىزنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ

□شىنجاڭ داشۆ ئىنتىپاق كومىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مەردان ۋەلى

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ئاساسسىز ھۇجۇم قىلدى، قارا چاپلىدى، كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. مەن بۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمەن.

مەن جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن. كىچىك چاغلىرىمدا، ئاتا ـ ئانام دائىم ماڭا ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جاي ـ جايلاردىن كەلگەن ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار بىلەن بىر گەمىدە تۇرۇپ، سېنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشمەي، تاغ يېرىپ يول ياساش، بوز يەر ئېچىپ ئورمان بىنا قىلىش، سۇچىلىق قاتارلىق قۇرۇلۇشلارغا ئورتاق قاتناشقانلىقى توغرىسىدىكى ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى.

ئېسىمنى بىلگەندىن باشلاپ، مەن ھەر مىللەت ھەمراھلىرىم بىلەن بىللە ئويناپ، بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئۆسۈپ يېتىلدىم. ھاياتىمدا ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىم، ساۋاقداشلىرىم، رەھبەرلىرىم، خىزمەتداشلىرىم، دوستلىرىم ماڭا ھەمراھ بولۇپ، خۇددى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمدەك ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ، ياردەم بېرىپ كەلدى، بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق. ھەر قېتىملىق بايرامدا، ھەممە ئائىلە ئېسىل، مەززىلىك يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوستلارنى كۈتۈۋالىدۇ، كۆپچىلىك «سىز مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ ساڭزا يەڭ، مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە بېرىپ جۇۋاۋا يەي» دېيىشىپ ناھايىتى يېقىن ئۆتىدۇ.

مەن قاغىلىق ناھىيەسىدە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش»بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقان ئۈچ يىلدا، تېخىمۇ كۆپ تەرەققىيات، ئۆزگىرىش مىساللىرىنى كۆردۈم. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۈچ يىللىق ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن باللار مائارىپى ۋە 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپ بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش ئەھۋالى ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگىتىلدى؛ ھەممە ئائىلە ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولۇپ ئەمىن ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، ئاسفالت يوللار ئىشىك ئالدىغىچە ياسالدى، يول چىراغلىرى پۇقرالارنىڭ كېچىدە يول يۈرۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بەردى، تۇرۇبا سۈيى ئاشخانا، تازىلىق ئۆيىگىچە يەتكۈزۈلدى؛ ھەر يىلى بىر قېتىم ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈش ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى %99.71كە يەتتى...

ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدە، شىنجاڭ بارغانسېرى گۈزەل بولۇپ قۇرۇلۇۋاتىدۇ. ھالبۇكى پومپېئو نېمە ئۈچۈن توختىماي پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ ئىش تېرىيدۇ؟ چۈنكى، ئۇ جۇڭگونىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتىن قورقىدۇ، شۇڭا كەينى ـ كەينىدىن يالغان ـ ياۋىداق سۆز توقۇۋاتىدۇ، لېكىن يالغان ـ ياۋىداق سۆزنى قانچە كۆپ قىلسىمۇ شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم ئىكەنلىكدەك پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ.

# بىز شىنجاڭدا ئىنتايىن بەختلىك ياشاۋاتىمىز

□شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ھايۋانات ئىلمى
شۆيۈەنىنىڭ يېتەكچىسى ئەكبەر رەجەپ

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ «تارىختىكى ئەڭ ناچار دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى» پومپېئو ۋەزىپىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتە ئېلان قىلىپ، ۋاقتى ئۆتكەن يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرى ئارقىلىق بىر مەيدان «ئاخىرقى كۈندىكى كۈلكىلىك ئويۇنى»نى ئوينىدى، مەن بۇنىڭدىن كۈچلۈك غەزەپلىنىمەن ۋە قەتئىي قارشى تۇرىمەن! مەن شىنجاڭدا تۇغۇلغان، شىنجاڭدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، شىنجاڭدا ياشاۋاتىمەن، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى باشتىن كەچۈرگۈچى ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلەنگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئۆز كەچۈرمىشىم ئارقىلىق پومپېئوغا شۇنداق ئېيتىمەنكى، بىز شىنجاڭدا ئىنتايىن بەختلىك ياشاۋاتىمىز، بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل، بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلق بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتىدۇ.

ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا، مەن ھەر ۋاقىت پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىنى ھېس قىلدىم. ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، مەن شىنجاڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بېيجىڭغا بېرىپ مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەر دۆلەت ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان؛ خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، مەن تىرىشىپ خىزمەت قىلغاچقا بىر قىسىم مۇكاپاتلارغا ئېرىشتىم. ھەربىر شان ـ شەرەپتىن چەكسىز شەرەپ ھېس قىلىمەن. مەن ھەر مىللەت قېرىنداش ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار بىلەن بىللە ئوخشاش سىياسەتتىن بەھرىمەن بولۇپ، ئادىل پۇرسەتكە ئېرىشىپ، ياخشى تەربىيە قوبۇل قىلىپ، گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆز كۈچۈمنى تەقدىم قىلىۋاتىمەن. پومپېئو مەيلى قانداق يالغان سۆزلىسۇن، قانداق تۆھمەت قىلسۇن، شىنجاڭنىڭ مۇقىم ئىكەنلىكى، تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى يوشۇرالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك ياشاۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەننىڭ ئىللىق قويىندا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى يوققا چىقىرالمايدۇ.

مائارىپ جەھەتتە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تۈرلۈك ئېتىبار سىياسەتلەر ئارقىلىق مىللەت ئايرىماي، رايون ئايرىماي، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارغا تۇرمۇش، ئۆگىنىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردە ئەتراپلىق غەمخورلۇق قىلىپ ۋە ياردەم بېرىپ، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشىغا ئۈزلۈكسىز كاپالەتلىك قىلدى. مەكتەپ ھويلىسىدا، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئويناپ، بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئۆزئارا كەڭ قورساق بولۇپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتىدۇ.

2020 ـ يىلى، مەن ئاۋات ناھىيەسىنىڭ بەشئېرىق بازىرى تۆۋەنكى بەشئېرىق كەنتىگە بېرىپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم، كەنت ئاھالىلىرى قىيىنچىلىققا يولۇققاندا بىرىنچى بولۇپ خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»نى ئىزدەيدۇ، بىز ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مۇۋاپىق ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ ھەم ھەل قىلدۇق، كۆپچىلىكنىڭ مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى بارغانسېرى كۈچەيدى.

ھازىر، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. پومپېئو، سېنىڭ شىنجاڭغا قارا چاپلاش سۇيىقەستىڭ ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دائىمىي يىغىننى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا 2020 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش ئەھۋالى ھەم 2021 ـ يىللىق خىزمەت پىكىر يولى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىشنى كۈچەيتىش، «ئالاقە تورى+ساياھەت»نى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تېز يەتكۈزۈش كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 2020 ـ يىلى، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ زەربىسى ۋە ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمىنىڭ ئېشىشى قاتارلىق پايدىسىز تەسىرلەر ئالدىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتىدە سىياسەت مۇلازىمىتى، تور مۇلازىمىتى، ئاساسىي قاتلام مۇلازىمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، كەسپلەرنىڭ يۆتكىلىشىنى پائال قوبۇل قىلىش، ئىچكىرى رايونلاردىكى كارخانىلارنى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىش جەھەتلەردە بەلگىلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. 2021 ـ يىلى «ئون چوڭ كەسىپ» زەنجىرىنى ئۇزارتىش، تولۇقلاش، كۈچەيتىش شەكلىدە سودىگەر چاقىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، كەسپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى، كۆرگەزمە سۇپىسىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، توردا سودىگەر چاقىرىش، نۇقتىدا تۇرۇپ سودىگەر چاقىرىشنى سىجىل كۈچەيتىپ، شەرقىي، ئوتتۇرا قىسىم رايونلاردىكى كەسپلەرنىڭ يۆتكىلىشىگە زىچ ئۇدۇللىشىپ، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «ئالاقە تورى+ساياھەت»نى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە ساياھەت ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، مۇلازىمەت شەكلى، باشقۇرۇش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇشتىكى، ئالاقە تورىنى ۋاستە قىلىپ ساياھەت مەھسۇلاتلىرى كەسىپ ھالىتىنى بېيىتىپ، ساياھەت ئىستېمال بوشلۇقىنى كېڭەيتىشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت. ئاقىل ساياھەت مەنزىرە رايونى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، ساياھەت ئۇچۇر ئۇل ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساياھەت ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، توردىكى ساياھەت تىجارەت ـ سودا سالمىقىنى زورايتىپ، ساياھەتچىلىكنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، ساياھەتچىلىك ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ساياھەتچىلىكتە يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەشكە مەدەت بېرىپ، ساياھەت سانلىق مەلۇماتلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تېز يەتكۈزۈش كەسپى زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئوبوروت شەكلىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولىدىغان، يېڭىچە ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرىدىغان زامانىۋىلاشقان باشلامچى خاراكتېرلىك كەسىپ. مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما قىلىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تېز يەتكۈزۈش ئۇل ئەسلىھەلىرى ۋە مۇلازىمەت ئىقتىدارىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، يوللانما ئەۋەتىش تەننەرخىنى ئۈنۈملۈك تۆۋەنلىتىپ، يوللانما ئەۋەتىش يوللىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، تېز يەتكۈزۈش كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭىچە ئىستېمال، شەھەر ـ يېزا ئىستېمالى، خاس ئەۋزەل كەسپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)